## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

# قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى بېسىپ تارقاتتى(2020 — 2025 - يىل)

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتىكى ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇش.

«پىروگرامما»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي نىشان: 2025 - يىلىغا بارغاندا، «8 - بەش يىل»لىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇپ تاماملاپ، قانۇنچىللىق قارىشىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ساھەدىكى تۈزۈم - قائىدىلەرنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى تەلىپىنى قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئىدارە قىلىشقا سىڭدۈرۈشنىڭ نەتىجە ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك قىلىپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ قانۇنچىللىشىش سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، دەۋر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جانلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، 2035 - يىلى قانۇنچىل جەمئىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىشقا پۇختا ئاساس سېلىش.

«پىروگرامما»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كېرەك.

پۈتكۈل جەمئىيەت ساھەسىدىكى تۈزۈم - قائىدىلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى مۇھىم ساھەلەرگە دائىر قانۇن چىقىرىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت قائىدە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەخلاق ئۆلچىمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت سەممىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ مۇھىم، زور ئاممىۋى تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئالاقىدارلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇق قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، جەمئىيەت سۇبيېكتلىرىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ قانۇنچىللىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ قاتلام، كۆپ ساھەدىكى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەت، ماجىرالارنى قانۇن بويىچە ئۈنۈملۈك پەسەيتىش - ھەل قىلىش كېرەك.

تور بوشلۇقىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، تورغا دائىر قانۇن - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياخشى بولغان تور قانۇنچىللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ تورنى قانۇن بويىچە بىخەتەر ئىشلىتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

«پىروگرامما»دا يەنە تەشكىلىي كاپالەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

**يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە**

# سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش

—— ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمايىلنى زىيارەت

**نوپۇزلۇق سۆھبەت**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتىدا قانداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە شىنجاڭ سانائىتى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا قانداق مېڭىشى كېرەك؟ يېڭى خىرىس، يېڭى مەسىلە ئالدىدا، شىنجاڭ سانائىتىدە قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ھالدا كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ؟ يېقىندا، مۇخبىر بۇ ھەقتە ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمايىلنى زىيارەت قىلدى.

### «13 - بەش يىل»دا شىنجاڭ سانائىتى چوڭ قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلىدى

«‹13 - بەش يىل› مەزگىلىدە، شىنجاڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى» دېدى نىجات ئىسمايىل.

نىجات ئىسمايىل مۇنداق تونۇشتۇردى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا نېفىت خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، خاس يېنىك سانائەت، پولات - تۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، زامانىۋى كۆمۈر خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كەسپلەر تۈۋرۈك قىلىنغان، تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق بولغان زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيەسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا يەتتى، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا كىردى. 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 364 مىليارد 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2014 - يىلىدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 315 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە سېلىشتۇرغاندا 15.7% ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەۋزەل خاس كەسپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش زورىيىشى تېزلەشتى. «ئۈچ بازا، بىر يول» قۇرۇلۇشى چوڭقۇرلاپ، نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى كەسپىدە ئۈزلۈكسىز بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇنۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى شەكىللەندۈرۈلدى. 2019 - يىلى، شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز ئېكۋىۋالېنتى 54 مىليون 920 مىڭ توننىغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 16.65%نى ئىگىلەپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مۇقىم 3 - ئورۇندا تۇردى. «شىنجاڭنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە(ئاپتونوم رايون، شەھەر)گە جەمئىي 254 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈلدى.

نىجات ئىسمايىل مۇنداق دېدى: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ كېچىكلىكتىن زورىيىپ تېز سۈرئەتتە پىشىپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى، دۆلەت ئىچىدىكى زور بىر تۈركۈم داڭلىق توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىنىڭ سانى 2676گە، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 600 مىڭغا يەتتى، پاختا توقۇمىچىلىقى ئۇرچۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 20 مىليون تونىنغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ 16.6%نى ئىگىلىدى. ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش كەسپى كەسپلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، «باغچە رايونى باش ئىشتاب بازىسى + يېزا - كەنت ھەمراھ زاۋۇتى + دېھقان ئائىلىلىرى نامراتلارنى يۆلەش سېخى» ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كەسپ كۆلىمىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتتى، 2017 - يىلى 20دىن ئارتۇق كارخانا 10 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن، نۆۋەتتىكى 140 نەچچە كارخانىنىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشىغا تەرەققىي قىلدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، كارخانىلارنىڭ سانى 364 مىڭغا يەتتى، كارخانىلارنىڭ سانى يىلىغا ئوتتۇرىچە 28.3% ئاشتى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ياراتقان قوشۇلما قىممەتنىڭ سانائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 40%كە يەتتى. جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش لىنىيەسى ۋە يۈرۈش قېتىم سانىنىڭ تېز ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇندى، بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا جەمئىي 4040تىن ئارتۇق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنىدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 182.1% بولۇپ، شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ غەربكە ئېكسپورت قىلىنىشىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە تۈرتكە بولدى، شىنجاڭنىڭ «جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش ئەندىزىسى» ئەركىن سودا سىناق رايونى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە كۆپەيتىلىپ كېڭەيتىلدى.

### «ئاساسىنى كۈچەيتىش» «كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش» «ئارتۇقچىلىقلارنى كۈچەيتىش» «ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش»

نىجات ئىسمايىل مۇنداق قارىدى: ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى ئىشلەشتە، نۆۋەتتە شىنجاڭ سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشتا دۇچ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، ئەنئەنىۋى كەسپلەردە «ئاساسىنى كۈچەيتىش»، ئىستراتېگىيەلىك كەسپلەردە «كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش»، ئەۋزەل كەسپلەردە «ئارتۇقچىلىقلارنى كۈچەيتىش»، كەلگۈسى كەسپلەردە «ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش»تىن ئىبارەت تۆت چوڭ ۋەزىپىنى سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەۋزەل كەسپلىرىنى يېتىشتۈرۈش، زورايتىشنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئەنئەنىۋى كەسپلەرنىڭ مۇھىم، زور تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان رەقەملىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەرنى قۇرۇشنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ئېنېرگىيە تېجەپ مۇھىتنى قوغداش، بىيوتېببىي دورىگەرلىك، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش، شامال ئېلېكترى جابدۇقلىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەۋزەل خاس ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەسپ تەرەققىياتىدا يېڭى ئەۋزەللىك شەكىللەندۈرۈش كېرەك. توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ كىيىم - كېچەك، ئائىلە توقۇلما بۇيۇملىرى، ئىلمە توقۇمىچىلىق قاتارلىق تېرمىنال كەسپلەرگە ئۇزىرىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ئۆز جايىدا ئايلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك پۈتۈن كەسپ زەنجىرىنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى يارىتىش كېرەك. دىققەتنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ ئاساسىنى ئالىيلاشتۇرۇش، كەسپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، زەنجىرنى مۇقىملاشتۇرۇش، زەنجىرنى تولۇقلاش، زەنجىرنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كەسپلەرنىڭ ئايلىنىشى، بازارنىڭ ئايلىنىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى تىرىشىپ راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

«بىز رەقەمنى كەسپلەشتۈرۈش، كەسپلەرنى رەقەملەشتۈرۈش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ تىپىنى ئۆزگەرتىش قەدەمىنى تېزلىتىمىز.» نىجات ئىسمايىل مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىجتىمائىيلاشقان 5Gنى ئەمەلىي قوللىنىش، ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنى كېڭەيتىشنى تېزلىتىپ، 5G+ ئاقىل ھۆكۈمەت ئىشلىرى، تىنچ - ئامان شىنجاڭ، ئاقىل مائارىپ، ئاقىل داۋالاش، ئاقىل ساياھەت قاتارلىقلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش قاتارلىقلارنى رەقەملەشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، مەۋقەنى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا قويۇپ، يېشىل تەرەققىياتنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېشىل باغچە رايونىنى يېتىلدۈرۈپ، يېشىل زاۋۇت قۇرۇپ، يېشىل مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، پەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، بايلىق سەرپىياتى تۆۋەن، مۇھىت بۇلغىنىشى ئاز بولغان يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. ھەممىدە شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شەرقنى جەلپ قىلىپ، غەربتىن كىرگۈزۈش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بولغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش لىنىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ يۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ كارخانىلىرى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا چىقىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

### «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز

بۇ يىل، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاپتونوم رايون كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇقىم تىجارەت قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. نىجات ئىسمايىل مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل يۇقۇم مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، يەككە سودا - سانائەتچىلەر قاتارلىق بازار تىجارەت سۇبيېكتلىرى جەمئىي 103 مىليارد 590 مىليون يۈەن مەبلەغدىن مەنپەئەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۈنۈملۈك سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشنى پائال كېڭەيتىپ، سودا ئارقىلىق سودىگەر جەلپ قىلىش، سودىگەر چاقىرىش مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى جەمئىي 6.5% بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 4.7 پىرسەنت پويېنت يۇقىرى بولۇپ، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر تەرتىپىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. 10 - ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.6% ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 2.7 پىرسەنت پويېنت يۇقىرى بولدى، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر تەرتىپىدە 11 - ئورۇندا تۇردى.

شىنجاڭنىڭ «14 - بەش يىل»لىق سانائەت تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى قانداق تۈزۈلدۇ؟ نىجات ئىسمايىل مۇنداق تونۇشتۇردى: سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى خىزمەت مەخسۇس بەنزىسى قۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تۈزۈشنى پىلانلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپ ئورۇنلاشتۇرۇلمىسى ۋە سانائەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى، ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەتلەشتۈرۈش بىلەن ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى يۇغۇرۇش «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىدىن ئىبارەت ئىككى يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىدە نۆۋەتتە دەسلەپكى ئارگىنال شەكىللەندۈرۈلدى؛ سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى باش بولۇپ تۈزگەن نانچىلىق كەسپى، ئۈزۈم ھارىقى كەسپى، گۆش پىششىقلاش كەسپى، باغۋەنچىلىك پىششىقلاش كەسپى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپى قاتارلىق 12 خاس ئەۋزەل كەسپنىڭ «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تەلەپ بويىچە تۈزۈش تاماملىنىپ، قاراپ چىقىشقا سۇنۇلىدىغان نۇسخىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

«كېيىنكى قەدەمدە بىز پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ‹14 - بەش يىل›لىق ئومۇمىي يىرىك پىلانغا ئۇدۇللىشىپ، تۈرلۈك يىرىك پىلانلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، 5 - ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ‹14 - بەش يىل› مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلەپلەرنى يىرىك پىلانغا باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، ‹14 - بەش يىل› مەزگىلىدىكى ئاساسلىق نىشان - كۆرسەتكۈچلەرنى ئىلمىي بېكىتىپ، نۇقتىلىق ۋەزىپە ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئاساسىنى كۈچەيتىدىغان، ئىقتىدارنى ئاشۇرىدىغان، يىراق كەلگۈسىگە پايدىلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى پىلانلاپ، ‹14 - بەش يىل›لىق يىرىك پىلاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى نىجات ئىسمايىل.

سكانىرلاپ سىننى كۆرۈڭ